قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# قۇمچاقنىڭ ئانىسىنى ئىزدىشى



تىل راۋان
Til Rawan



١. بىر كۆلچەكتە بىر توپ قۇمچاق ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ بېشى يوغان، قۇيرۇقى ئىنچىكە بولۇپ، سۇدا ناھايىتى ئەپچىل ئۈزىدىكەن.




2. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاكا – ئىنى، ئاچا – سىڭىل بىر تۇغقانلار بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى ساغلام ھەم تېتىك ئىكەن.




3. بىر کوٰنی کۆل بویىدىکی چۆپلوٰککه بىر مێکیان کەپتۇ. بۇ مێکیان ناهایىتی چىرایلىق بولۇپ، ئۇنىڭ یێندا یەنە ئوماق ئىککی چوٰجىسی بار ئىکەن.

تل راوان
Til Rawan



4. مېكيان قاقلداپ يوٰروٰپ،
باللرٮغا مېڭشنى ئۆگتٮدٮكەن
هەم ئۇلارغا قۇرت – قوڭغۇزلارنى
تۇتۇپ بېرٮدٮكەن. چوٰجبلەر خۇشال
بولۇپ، « ئاپا! ئاپا! » دەپ
چۇرقرٮشٮدٮكەن.

تل راۋان
Til Rawan



5. قۇمچاقلارنىڭ ئۇلارغا ناھايىتى ھەۋسى كەپتۇ. ئۇلار: «بىزنىڭمۇ ئاپىمىز باردۇ، ئۇ نەدىدۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ.



6. قۇمچاقلارنىڭ ئاكىسى: «راك بوۋىمىزنىڭ يېشى چوڭ، بىلىدىغانلىرىمۇ چوقۇم كۆپ، بېرىپ شۇنىڭدىن سوراپ باقايلى!» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇمچاقلار راك بوۋاينى ئىزدەپ مېڭىپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



7. راك بوۋاي قۇمچاقلارغا:
«سلەرنڭ ئاپاڭلارنڭ پولتييپ
چققان دۉپدۉگلەك كۆزى بار...»
دەپتۇ.



8. راك بوۋاينىڭ گېپى تۈگمەي
تۇرۇپلا، ئالدىراقسان قۇمچاقلار
كېتىپ قاپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



٩. قومچاقلار ئۈزه – ئۈزه بر يەرگه كەلگەندە، كۆزلری پولتییپ چققان ئالتۇنبېلققا ئۇچراپ قاپتۇ هەمده « ئاپا! ئاپا! » دەپ ۋارقرشپتۇ.



10. ئالتۇنبېلىق ئالدىراپ — تېنەپ:
«ياق، سىلەر خاتا تونۇپ قالدىڭلار،
ئاپاڭلارنىڭ قورسىقى ئاپئاق...» دەپتۇ.
ئالتۇنبېلىقنىڭ گېپى تۈگمەيلا،
قۇمچاقلار كېتىپ قاپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



11. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار قۇرسىقى ئاپئاق قىسقۇچپاقنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىمۇ: « ئاپا، ئاپا !» دەپ چاقىرىشىپتۇ.



12. قىسقۇچپاقا ئۇزۇن پۇتلىرىنى
پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ: «خاتالاشتىڭلار،
خاتالاشتىڭلار بالىلىرىم، ئاپاڭلارنىڭ
تۆتلا پۇتى بار...» دەپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



13. قوٗمچاقلار ئوٚزه - ئوٚزه بىر يەرگە كەلگەندە، تاشپاقىغا ئوٗچراپتوٗ هەمدە ئوٗنى« ئاپا، ئاپا» دەپ چاقىرىشىپتوٗ.



14. تاشپاقىنىڭ باللىرى خاپا بولۇپ: « ياق، بۇ بىزنىڭ ئاپىمىز، بىز ئاپىمىزغا ئوخشايمىز» دەپتۇ.



15. قۇمچاقلارنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بوپتۇ. ئۇلار ئۈزە - ئۈزە بىر يەرگە كەلگەندە، تۇرقى ئۆزلىرىگە ئوخشايدىغان سەمەندەرنى ئۇچرىتىپتۇ.



16. قۇمچاقلار ئۇنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىپ: « ئاپا! ئاپا!» دەپ چاقىرىشىپتۇ. سەمەندەر ئويغىنىپ كېتىپ، ئاچچىقلانغان ھالدا: « كىم سىلەرنىڭ ئاپاڭلار كەن؟» دەپ ۋارقىراپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan




17. قۇمچاقلار قورقۇپ قېچىۋاتقاندا، پاقا ئانىغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ: «بالىلىرىم، مەن سىلەرنىڭ ئاپاڭلار!» دەپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



18. ئەسلدە پاقا ئانا بۆ بر نەچچە
کۆندن  بۆیان زیانداش
هاشارەتلەرنی تۆتمەن دەپ
باللرىغا قاریالمغان ئىکەن.

تل راوان
Til Rawan



19. قۇمچاقلار ئاپىسىغا قاراپ ھەيران بولۇپ: « بىز ئەجەپ ئاپىمىزغا ئوخشىمايدىكەنمىزغۇ ؟» دەپ ئويلاپتۇ.



20. پاقا ئانا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك: «ئالدىرىماڭلار، سىلەر ھەممىڭلار مېنىڭ بالىلىرىم، چوڭ بولغانسېرى ماڭا ئوخشايسىلەر» دەپتۇ.



21. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى قۇمچاقلار چوڭىيىپتۇ. ئۇلارغا ئاۋال ئىككى ئارقا پۇت، ئاندىن كېيىن ئىككى ئالدى پۇت چىقىپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



22. كېيىنچە قۇمچاقلارنىڭ قۇيرۇقى يوقاپ كېتىپتۇ ھەمدە سەكرەشنى، كۇركىراشنى ئۆگىنىۋاپتۇ. ئۇلار ئاخىر چىرايلىق پاقىغا ئايلىنىپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan